## 4913 ـ تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ئۈچۈن تاھارەت شەرت بولامدۇ؟

**سۇئال**

بەزى ئالىملار تىلاۋەت سەجدىسى ئۈچۈن تاھارەت بولۇش ۋە قىبلىگە يۈزلىنىش شەرت ئەمەس دېسە، يەنە بەزى ئالىملار بۇنى شەرت دەيدۇ، بۇنىڭ قايسىسى توغرا؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇن. "تىلاۋەت سەجدىسىنى نامازنىڭ جۈملىسىدىن دەپ قارىغان ئالىملار بۇنىڭ ئۈچۈن تاھارەت بولۇش، قىبلىگە يۈزلىنىش، سەجدە قىلغاندا ۋە سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە سالام بېرىدۇ دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزى ئالىملار تىلاۋەت سەجدىسىنى ئىبادەت دەپ قارىسىمۇ لېكىن نامازغا ئوخشاش ئەمەس، شۇنىڭغا كۆرە، تىلاۋەت سەجدىسى قىلغاندا تاھارەتنىڭ بولۇشى، قىبلىگە يۈزلىنىش ۋە باشقا ئىشلار شەرت قىلىنمايدۇ دەيدۇ، بۇ كۈچلۈك قاراشتۇر، چۈنكى بىز تىلاۋەت سەجدىسى ئۈچۈن تاھارەتنىڭ ۋە قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە دەلىل بارلىقىنى بىلمەيمىز. ئەگەر سەجدە قىلغاندا تاھارەت بولسا ۋە قىبلىگە يۈزلىنىش ئىمكانىيىتى بولسا ئالىملار ئارىسىدىكى ئىختىلاپتىن چىقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلسا ياخشى بولىدۇ" .

ئاللاھ تائالا ئەڭ توغرىنى مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.